3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

خۇشاللىققا تولغان دۆلەت بايرىمى — قەلبلەرنى ئىللىتقان جۇڭچيۇ

# ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز باش شۇجىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز

□پۈتۈن تارانتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى ھەممە جاي قىزغىن، خۇشال بايرام كەيپىياتىغا چۆمدى، قىزىل بايراقلار جەۋلان قىلىپ، مەدھىيە ناخشىلىرى ياڭرىدى... پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما تولۇپ تاشقان خۇشاللىق بىلەن، كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق ۋەتەنگە بولغان مىننەتدارلىقنى بىلدۈردى ۋە بەخت تىلىدى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

كۆركەم «جۇڭگو قىزىل رېڭى» چوڭ - كىچىك كوچىلاردىكى ئەڭ يارقىن مەنزىرىگە ئايلاندى. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ تاشقورغان بازىرى شۇدۇڭ مەھەللىسىدە، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقلار شامالدا لەپىلدەپ تۇراتتى، مەھەللە كادىرلىرى تەۋەلىكتىكى ئاھالىلەر بىلەن بىرلىكتە بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا پاراڭلاشتى. ئاھالە مەمەتيارى سالام مۇنداق دېدى: «كادىرلارنىڭ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدىكى تەشۋىقاتىنى ئاڭلاپ بىز ناھايىتى روھلاندۇق، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭغا بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، بىزنىڭ بۈگۈنكىدىن كېيىنكى كۈنلىرىمىز بارغانسېرى گۈزەل بولىدۇ!»

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، گۇما ناھىيەسىنىڭ قوشتاغ بازىرى تۆگمەنبويى كەنتىدىكى ھەممە ئائىلىلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق جەۋلان قىلىپ تۇراتتى. ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىدىن تۆگمەنبويى كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى ۋە بارلىق كەنت ئاھالىلىرى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، كۆپچىلىك بەس - بەستە دۆلەت بايرىقى بىلەن سۈرەتكە چۈشتى.

«دۆلەت بايرىقى بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ، قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىققان تەبەسسۇم بىلەن ۋەتەن ئانىمىزغا بەخت تىلىدۇق» دېدى كەنت ئاھالىسى ياسىن توختى.

9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ لوپنۇر بازىرى شىڭفۇ مەھەللىسى «دۆلەت بايرىمنى كۈتۈۋېلىش، جۇڭچيۇنى تەبرىكلەش» بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، نەق مەيداندا ياسىغان يۆبىڭنىڭ مەززىلىك پۇرىقى پائالىيەتكە قاتناشقان ھەربىر ئاھالىنىڭ قەلبىنى ئىللىتتى. شىڭفۇ مەھەللىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ياقۇپ مەمەت مۇنداق دېدى: «يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ۋە سەممىي غەمخورلۇقىدا، تۇرمۇشىمىز كۈندىن - كۈنگە ياخشىلاندى، بىز مېھىر - شەپقەتنى بىلىپ، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ھازىرقى گۈزەل تۇرمۇشنى قەدىرلەپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز».

بىر ئالاھىدە بايراملىق سوۋغات ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ قارا كىچىك يېزىسى بىنام كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىگە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىللىقلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. بىنام كەنتىدە نامراتلارنى يۆلەش تۈرلىرىنىڭ پايدىسى تەقسىملەندى، سەرخىل مېۋىلىك باغقا يېرىنى پاي قىلىپ قوشقانلارغا پايدا تەقسىملەپ بېرىلدى، پۈتۈن كەنتتىكى 60 نامرات ئائىلە، 20 ئادەتتىكى ئائىلە پايدا ۋە ياردەم پۇل مەبلىغىنى تاپشۇرۇۋالدى. «ئائىلىمىز 3500 يۈەن پايدا تەقسىملەندى.» نامرات ئاھالە ياسىن روزىنىڭ ھاياجان ئىلكىدە ئېيتىشىچە، ئائىلىسىنىڭ يېرىنى ھەمكارلىق كوپىراتىپىغا پاي قىلىپ قوشۇپتۇ، كالىسىنى ھاۋاللىك بېقىشقا بېرىپتۇ، ئۆزى كەنتتىكى ياغاچ ماتېرىياللىرى زاۋۇتىدا ئىشلەپتۇ، «ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ، كوممۇنىستىك پارتىيەگە رەھمەت، باش شۇجى شى جىنپىڭغا رەھمەت».

قابا ناھىيەسى ھەرقايسى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ۋاقىت بۆلىكىگە ئايرىپ تەشكىللەپ «بېيجىڭغا تەلپۈنۈش. دۆلەت بايرىمنى قىزغىن كۈتۈۋېلىش» باش تېما پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. پائالىيەت مەزگىلىدە، ھەرقايسى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بازىسى، يېڭى دەۋر مەدەنىيلىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش باش تېما باغچىسى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ كوللېكتىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىش، باش تېملىق تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىش، جەمئىيەت ئەمەلىيىتى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. قابا ناھىيەلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 8 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى لى مېڭياۋ مۇنداق دېدى: «پائالىيەت داۋامىدا، بىز ئەجدادلارنىڭ قەھرىمانلىق ھېكايىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدۇق، ۋەتىنىمىزنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدىكى جاپالىق كۈرەش مۇساپىسى بىلەن تونۇشتۇق، بىز تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، شى جىنپىڭ بوۋامنىڭ ئۈسمۈر باللاردىن كۈتكەن سەممىي تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماي، مىننەتدارلىققا تولغان قەلبىمىز بىلەن، ۋاقىتنى قەدىرلەپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كەلگۈسىدە دۆلەتكە، خەلققە، جەمئىيەتكە ياراملىق ئادەم بولۇپ چىقىمىز».

9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى سەھەردە، جىڭ ناھىيەسىنىڭ باجياخۇ دېھقانچىلىق مەيدانى دېھقانچىلىق 7 - ئەترىتىنىڭ خىزمەتچىسى ياڭ ۋېيدۇڭ دۆلەت بايرىمىغا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن كەنتتىكى بىر قورشاۋ تامنى ئەستايىدىل ئۆلچەپ، «كەنتتىكى بەختلىك تۇرمۇش» ناملىق رەسىمنى سىزىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. «ھازىر ھەممە ئائىلە ئەمىن ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتىدۇ، كەنتنىڭ مۇھىتى بارغانسېرى گۈزەللەشتى، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى بەختكە تولدى، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە پارتىيەنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىگە رەھمەت ئېيتىمىز، مەن قەلىمىم بىلەن قەلبىمدىكى مىننەتدارلىقىمنى سىزىپ چىقىمەن» دېدى ياڭ ۋېيدۇڭ كۈلۈپ تۇرۇپ.

**(مۇخبىر جاڭ تىڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار خەن چېنيەن، سۇڭ ۋېيگو، سۇڭ ياۋېن، ئىختىيارىي مۇخبىر خې داۋېي)**

# ئاپتونوم رايون دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم كادىرلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

(بېشى 1 - بەتتە)

«ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھالىلىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ھەققىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى تۈپتىن ئېيتقاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يول باشلاپ، رولچى بولۇشى ۋە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدىن بولغان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ۋە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشىدىن بولغان، ئۇنىڭغا يەنە ھەرقايسى پېشقەدەم رەھبەرلەر، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ يۈرەك قېنى ۋە قان - تەرى مۇجەسسەملەنگەن.

چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىشى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلىپ بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا بولغان غەمخورلۇقى ۋە كۆيۈنۈشىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى، قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى، ئۇ، يېڭى دەۋردە شىنجاڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت، شىنجاڭ خىزمىتىدە توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش، غەلىبىسېرى ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان قۇدرەتلىك ئىدىيەۋى قورال. ھازىر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە جاسارەت بىلەن يېڭى ۋەزىيەت يارىتىماقتا. پېشقەدەم رەھبەرلەر، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، خاس ئەۋزەللىكى ۋە رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئىلگىرىكىدەكلا ئاپتونوم رايوندىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە مەدەت بېرىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ تۆھپە - نەتىجىسىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئەۋزەل رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى قوللىشى كېرەك. ئىدىيەدە كۆڭۈل بۆلۈش، تۇرمۇشتا ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، مەنىۋى جەھەتتە غەمخورلۇق قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى توغرىسىدىكى تۈرلۈك فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەل قىلىپ، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ياشانغاندا كۆڭۈل تۇنەلەيدىغان بولۇشى، ياشانغاندا يۆلەنچۈكى بولۇشى، ياشانغاندا ئۆگىنەلەيدىغان بولۇشى، ياشانغاندا خۇشاللىقى بولۇشى، ياشانغاندا خاتىرجەملىكى بولۇشىغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

پېشقەدەم كادىرلار بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭ خىزمىتىدە مۇھىم، زور نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ، جەمئىيەت مۇقىم بولغان، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، ئەبەدىي ئەمىنلىككە يۈرۈش قىلىشقا مۇستەھكەم ئاساس سېلىندى. بىز 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، شاد - خۇراملىققا چۆمدۇق، چىن قەلبىمىزدىن خۇشال بولدۇق ۋە پەخىرلەندۇق. كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەۋزەل رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى پائال قوللاپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسىتىمىز ۋە كۈچىمىزنى قوشىمىز.

# تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا قوش بايرام ئورتاق تەبرىكلەندى

□پۈتۈن تارانتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

كۈز قۇياشى تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىغا نۇر چاچتى، گۈللەر رەڭدار ئېچىلىپ، چىرايلاردا تەبەسسۇم جىلۋىلەندى، دۆلەت بايرىمى بىلەن جۇڭچيۇ بىللە كەلدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بىرلىكتە دۆلەت بايرىمنى تەبرىكلەپ، ۋەتەننى مەدھىيەلىدى، يۆبىڭ يەپ، جەم بولۇپ مۇڭداشتى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەتىگەندە، خوتەن شەھىرىنىڭ جىيا يېزىسى شاخ مەھەللە كەنتىدىكى ئەل شادلىقى يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتىدىن يۆبىڭنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. زاۋۇتتىكى 20دىن ئارتۇق خىزمەتچى يۆبىڭ پىشۇرۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئەل شادلىقى يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتىنىڭ مەسئۇلى مەتياسىن مەتتۇرسۇن مۇنداق دېدى: «خوتەن كونا يۆبىڭىنىڭ ئىسمى ‹ئىتتىپاقلىق يۆبىڭى›، قىيمىسىغا ياڭاق، ھەسەل قاتارلىق سەككىز خىل ماتېرىيال ئىشلىتىلگەن بولۇپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى ھەر مىللەت ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللارنىڭ زىچ ئىتتىپاقلاشقانلىقى، گۈزەل تۇرمۇشتىن بەھرىلىنىۋاتقانلىقىغا سىمۋول قىلىنغان».

«سىلەر جۇڭچيۇ بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىلەمسىلەر...» 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ زاۋا بازىرى يېڭىئۆستەڭ كەنتى كەنت ئاھالە كومىتېتىدا، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى قەيسەر ئابدۇكېرىم قولىغا «ئىتتىپاقلىق» «جەم بولۇش» دېگەن خەت بېسىلغان يۆبىڭنى ئېلىپ كەنت ئاھالىلىرىگە چۈشەندۈردى. «يۆبىڭ جەم بولۇشقا سىمۋول قىلىنغان، جۇڭچيۇ جەم بولىدىغان بايرام، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ جۇڭچيۇ بايرىمىنى بىرلىكتە ئۆتكۈزۈشى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە، بىزنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىمىز خۇددى مۇشۇ يۆبىڭگە ئوخشاش شېرىنلىككە تولغان!» قەيسەر گۈزەل تىلەكلەر ئىلكىدە تۇغقانلىرى بىلەن بىللە يۆبىڭ يەپ، شېئىر ئوقۇپ، ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا پاراڭلىشىپ، ۋەتەن ۋە يۇرتقا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ئورتاق ئىپادىلىدى.

جىمسار ناھىيەلىك مۇھت ئاسراش ئىدارىسىدىن چۈەنزىجىي بازىرى چارۋىچىلىق كەنتىدە تۇرۇشلۇق ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش خىزمەت ئەترىتى كەنت ئاھالىلىرىنى تەشكىللەپ، «پۈتۈن خەلق ئورتاق تەنتەنە قىلىپ دۆلەت بايرىمنى كۈتۈۋېلىش. قول تۇتۇشۇپ جەم بولۇپ جۇڭچيۇ ئۆتكۈزۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى ھەم تەييارلانغان يۆبىڭلارنى كەنتتىكى ياشانغانلارغا ئاپىرىپ بەردى. پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى سېرىكباي سالامخان يۆبىڭنى ئېلىپ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «پارتىيە پۇقرالارنى يېتەكلەپ ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈردى، بىز پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، دۆلەت گۈللەنگەن، ئائىلە ئىناق بولغان بەختلىك تۇرمۇشنى قەدىرلىشىمىز كېرەك».

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ توقسۇ ناھىيەسى «جۇڭچيۇنى كۈتۈۋېلىش، دۆلەت بايرىمنى تەبرىكلەش» ئاتا - ئانا ۋە بالىلار باش تېما پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. پائالىيەتنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى بالىلاردا گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرۇپلا قالماي، يەنە جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى بالىلار قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزدى.

**(مۇخبىر پەرىزات ئابدۇل، قاتناشقان مۇخبىرلار گې يوۋجۇن، سۇڭ ياۋېن، خوتەن مۇخبىرلار پونكىتىدىن شى يىڭيىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلار ياڭ رۇيفاڭ، ۋاڭ يۈيەن)**